# قەبرىدىكى ھاياتلىق ئەھۋالى

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]

پەزىلەتلىك شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبن باز

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن.تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2011 - 1432

IslamHouse.com

# ﴿ طبيعة الحياة في القبر ﴾

« باللغة الأويغورية »


فضيلة الشيخ عبد العزيز بن عبد الله بن باز

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: ن. تمكيني



حقوق الطبع والنشر لكل مسلم



2011 - 1432

IslamHouse.com

# قەبرىدىكى ھاياتلىق ئەھۋالى

9381- نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

جەسەت قەبرىدە تىرىلىدۇ دېيىلسە، ئۇ بۇ دۇنيادىكى ھاياتلىققا ئوخشامدۇ؟ قانچىلىك تۇيغۇ بىلەن بولىدۇ، قەبرىدىكى ھاياتلىقنىڭ مۇددىتى قانچىلىك؟ قەبرىدە جەسەتتىن سوئال قىلىنىدىغان بولسا، ھىندى ۋە ياپونلۇقلاردەك جەسەتنى كۆيدۈرىۋەتىدىغانلار بار، ئۇلاردىن قەيەردە سوئال قىلىنىدۇ؟، دوختۇر بىمارنى ئوپېراتسىيە قىلىش جەريانىدا ناركوز قىلىش ئارقىلىق بىمارنىڭ تۇيغۇلىرىنى ۋاقتىنچە يىراقلاشتۇرىدۇ، ئەمما بۇ ئۆلۈمدە قانداق بولىدۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئاللاھقا خاستۇر.

ئالدى بىلەن ھەر بىر مۇسۇلمان ئەر-ئاياللارنىڭ بىلىۋېلىشى مۇھىم بولغان بىر مەسىلە: ئاللاھ تائالا قۇرئان-كەرىمدە خەۋەر بەرگەن

ياكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سەھىھ ھەدىسلەر ئارقىلىق بىلدۈرگەن قىيامەتكە ئالاقىدار بولغان، ھېساب، جەننەت، دوزاخ، ئۆلۈمگە ئالاقىدار بولغان قەبرىدىكى سوئال-جاۋاپ، نېمەت-ئازابلار ۋە باشقا غەيبى ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىش تەستىقلاش ۋە بويسۇنۇش ۋاجىپ بولىدۇ. بىز ئاللاھ تائالانىڭ ئېيتقان سۆزلىرى ۋە بەرگەن خەۋەرلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھتىنمۇ راست سۆزلۈك كىم بار؟ يەنى ئاللاھتىنمۇ راست سۆزلۈك ھېچكىم بولمايدۇ.» [سۈرە نىسا 122-ئايەت]. يەنە بىر ئايەتتە: «ئاللاھتىنمۇ توغرا سۆزلۈك كىم بار؟ يەنى سۆزىدە، ۋەدىسىدە ئاللاھتىنمۇ سادىق ھېچكىم يوق.» [سۈرە نىسا 78-ئايەت].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ سەمىمى راستچىل كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئۇ ئۆز نەپسى-خاھىشى بىلەن سۆزلىمەيدۇ بەلكى ئاللاھنىڭ ئىلھام قىلغان ۋەھىيلىرىنى سۆزلەيدۇ. غەيبى ئىشلارنىڭ ماھىيىتىنى بىلمىسەكمۇ سەھىھ ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان ھەدىسلەرنى تەستىق قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ، بولۇپمۇ ئاخىرەت توغرىسىدا، جەننەت، دوزاخ، جەننەت ئەھلىنىڭ نېمەتلىرى، دوزاخ ئەھلىنىڭ ئازابلىرى، ئىنساننىڭ قەبرىدە

نېمەتلىنىدىغان ياكى ئازابلىنىدىغانلىقى، روھىنىڭ جەسەتكە قايتۇرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ھەقىقەت بولۇپ بۇ توغرىدا نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەر بايان قىلىنغان. مۇسۇلمان بەندىنىڭ قۇرئان بىلدۈرگەن ياكى سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان ياكى ئىسلام ئالىملىرى بىرلىككە كەلگەن ئىشلارغا ئىشىنىشى ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى ۋاجىپ بولىدۇ.

ئاللاھ مۇسۇلمان ئەر-ئاياللارنىڭ بىرەرسىگە بۇنىڭدىكى سىرى-ھېكمەتلەرنى بىلدۈرگەن بولسا بۇ ياخشىلىق ئۈستىگە ياخشىلىق، نۇر ئۈستىگە نۇر ۋە ئىلىم ئۈستىگە ئىلىم ھاسىل بولغانلىقتۇر. ئۇ كىشى ئاللاھنىڭ بۇ چەكسىز نېمەتلىرىگە شۈكۈر ئېيتىپ، بۇ ئىلىم-ھېكمەتلەر بىلەن چۈشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ غەيبى ئىشلارغا بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

قەبرىدىكى سوئال-سوراق ۋە جەسەتكە ئالاقىدار ئىشلارغا كەلسەك؛ قەبرىدە سوئال قىلىنىش، جەسەتكە روھىنىڭ قايتۇرۇلىشى ھەق ئىش بولۇپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بۇ توغرىدا نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەر بايان قىلىنغان.

قەبرىدىكى ھاياتلىق دۇنيادىكى ھاياتلىقنىڭ غەيرى بولۇپ، قەبرىگە خاس بولغان بەرزەخ ھاياتىدۇر. بۇ ھايات يېمەك-ئىچمەك ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئېھتىياجلىق بولىدىغان دۇنيا ھاياتىنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ قەبرىدە قىلىنىدىغان سوئاللارنى بىلگۈدەك بىر ھاياتلىقتۇر. ئىككى پەرىشتە مەيىتتىن: پەرۋەردىگارىڭ كىم؟ دىنىڭ نېمە؟ پەيغەمبىرىڭ كىم؟ دېگەن سوئاللارنى سورايدۇ. مۆمىن-مۇسۇلمان كىشى: پەرۋەردىگارىم ئاللاھ، دىنىم ئىسلام، پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. بارلىق مۆمىن-مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن يۇقىرىقىدەك جاۋاپ بېرىدۇ. پەرىشتە: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قانداق بىلىسەن؟ دەپ سورىغاندا، مۇسۇلمان: ئۇ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، بىزگە ھىدايەت يولىنى كۆرسەتتى، بىز ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدۇق، ئىشەندۇق ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشتۇق دەيدۇ. پەرىشتە: بىز سىنىڭ مۆمىن ئىكەنلىكىڭنى بىلەتتۇق، دەيدۇ ۋە ئۇ كىشى ئۇچۇن جەننەتتىن بىر ئىشىك ئېچىلىدۇ، ئۇ يەردىن جەننەتنىڭ خۇش-پۇراقلىرى ۋە نېمەتلىرى كېرىپ تۇرىدۇ. ئۇ كىشىگە: ئاللاھ سىنى قەبرىدىن ھېساب مەيدانىغا قوزغاتقانغا قەدەر بۇ سىنىڭ تۇرىدىغان ئورنۇڭ دېيىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ كىشىگە

دوزاختىكى ئورنىنى كۆرسىتىپ: ئەگەر ئاللاھقا ئىشەنمىگەن بولساڭ بۇ سىنىڭ ئورنۇڭ بولاتتى، ئەمما ئىمان ئېيتقانلىقىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سېنى دوزاختىن ساقلىدى ۋە جەننەتكە يول ئالدىڭ دېيىلىدۇ. ئەمما كاپىردىن پەرۋەردىگارى، دىنى ۋە پەيغەمبىرى توغرىسىدا سوئال سورالسا، ھاھ، ھاھ، ھاھ بىلمەيمەن، كىشىلەرنىڭ بىرنەرسىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانتىم مەنمۇ شۇنى دېگەن دەيدۇ. پەرىشتىلەر ئۇنى تومۇر توقماق بىلەن بىرنى سالدۇ، ئاغرىق ئازابىدىن چىرقىراپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئىنسان-جىندىن باشقا ھەممە جانلىقلار ئاڭلايدۇ. قەبرىسى ئۇنى سىقىپ قوۋۇرغىلىرىنى ئۆتەشتۇرىۋېتىدۇ، ئۇنىڭ تەرىپىگە دوزاختىن بىر ئىشىك ئېچىلىدۇ، ئۇنىڭ قەبرىسى دوزاخنىڭ ئوتلۇق ئورەكلىرىنىڭ بىرى بولىدۇ، ئۇنىڭغا دوزاخنىڭ زەھەرلىك ئاچچىق پۇراقلىرى ۋە ئازابلىرى كېلىپ تۇرىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: ئاللاھ سىنى قەبرىدىن ھېساب مەيدانىغا قوزغاتقانغا قەدەر بۇ سىنىڭ تۇرىدىغان ئورنۇڭ دېيىلىدۇ. ئاندىن كېيىن جەننەتتىن بىر ئىشىك ئېچىلىپ ئۇنىڭ جەننەتتىكى ئورنى كۆرسىتىلىدۇ-دە، ئاللاھ سىنى ھىدايەت قىلغان بولسا ئىدى، بۇ سىنىڭ ئورنۇڭ بولاتتى دەيدۇ.

بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئىنسان ئۈچۈن قەبرە جەننەتنىڭ گۈزەل باغچىلىرىدىن ياكى دوزاخنىڭ ئوتلۇق ئورەكلىرىدىن بىرى بولىدۇ. نېمەت بىلەن ئازاب قەبرىدە روھ بىلەن جەسەتكە بىرگە بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئاخىرەتتە جەننەت بىلەن دوزاختىمۇ روھ بىلەن جەسەت بىرگە بولىدۇ.

ئەمما سۇغا چۆكۈپ ياكى ئوتتا كۆيۈپ ياكى يىرتقۇچلارغا يەم بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلەر ۋە شۇنىڭ ئوخشىشىدا ۋاپات قىلغان ئىنسانلارنىڭ روھىغا نېمەت ياكى ئازابتىن بولغان نېسىۋىسى يېتىدۇ، ئۇ كىشىنىڭ جەستى قۇرۇقلۇقتا ياكى دېڭىزدا ياكى يىرتقۇچلارنى قارنىدا بولسۇن ئاللاھ ئۇنىڭدىن خالىغاننى كەلتۈرىدۇ. (يوقتىن بار قىلىشقا قادىر ئاللاھ ئىنساننىڭ ئۆلۈمى قايسى تۈردىكى ئۆلۈم بولسۇن، ئەگەر ئازابى ياكى نېمىتىنى تىتېتىشنى ئىرادە قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۈچۈن ئاساندۇر.-مۇھەررىر-) لېكىن نېمەت بىلەن ئازابنىڭ كۆپرەكى روھقا بولىدۇ، روھ نېمەتلىنىدۇ ۋەياكى ئازابلىنىدۇ، مۆمىننىڭ روھى جەننەتكە كېتىدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن مۆمىننىڭ روھى جەننەتنىڭ باغچىلىرىدا ئۈچۈپ يۈرىدۇ، تۈرلۈك مېۋىلەردىن ھۇزۇرلىنىدۇ، كاپىرنىڭ روھى دوزاخقا كېتىدۇ».

مۇسۇلمان ئەر-ئاياللارنىڭ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى خەۋەر بەرگەن ئىشلارغا ئىشىنىشى ۋە بەزى سىرى-ھېكمەتلىرىنى بىلمىسىمۇ بۇنى ئاللاھ ئىرادە قىلغان يول بىلەن تەستىق قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ. ئاللاھ ئەڭ ئالى ھىكمەت

بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

شەيخ ئىبنى بازنىڭ تۇرلۇك ماقالىلار ۋە پەتىۋالار توپلىمى ناملىق ئەسىرى 338-بەتكە مۇراجىئەت قىلىنسۇن.